# پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن «نامراتلىق يىلتىزى»نى قومۇرۇپ تاشلاش

## — پەيزاۋات ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لى چاڭچىڭ توغرىسىدا

ئەسلىي مەقسىتى ئۇنتۇماي بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش
خەلق رازى بولغان مەمۇر

□مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى، پەيزاۋات ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لى چاڭچىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدە ئالدىراش يۈرۈۋاتاتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن «نامراتلىق يىلتىزى»نى قومۇرۇپ تاشلىغاچقا، يۇرتداشلار سەممىي ھالدا ئۇنى «لى فۇيىن» دەپ ئاتىدى.

### نامرات ناھىيەنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە قەسەم قىلىش

پەيزاۋات ناھىيەسى ئېغىر نامرات ناھىيە، كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ يەردىكى نۇرغۇن دېھقاننىڭ كىرىمى ئىزچىل نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ئىنتايىن تەخىرسىز ئىدى.

1996 - يىلى، لى چاڭچىڭ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتكۈزۈپ پەيزاۋات ناھىيەسىگە كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شارائىتى ئەڭ ناچار يېزا - بازارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«يېزىدا ئىشلىسىڭىز، تۇپراققا يىلتىز تارتىشىڭىز كېرەك»، بۇ ئىدىيەنى كۆڭلىگە پۈككەن لى چاڭچىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك دېھقانلار بىلەن بىللە دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ، سىياسەت سۆزلەپ، بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئادەتتىكى كادىردىن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، ئاندىن ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر بولغانغا قەدەر، لى چاڭچىڭ ئىزچىل قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىدى.

ئۈچ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلىنىش پەيتىدە، لى چاڭچىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىغا كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ، نامرات ناھىيەنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە قەسەم قىلدى.

لى چاڭچىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ۋە قېرىنداش ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 310 مەمۇرىي كەنتنى ئايلىنىپ چىقىپ، زور مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلىدى؛ ناھىيەلىك پارتكومغا پائال چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، سەرخىل قوشۇن، قابىللارنى تاللاپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئەۋەتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 13 يېزا - بازاردا نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى قۇرۇشقا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

پەيزاۋات ناھىيەسى ئۈچ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يېرىك پىلانى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسى قاتارلىق بىر قاتار لايىھەلەرنى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى 40% لىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن سېلىنما مەبلىغىنى نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلىتىپ، كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزدى...

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

«پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلاپ، تەدبىر پىلانلاپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللانغىلى بولىدۇ.» لى چاڭچىڭ دائىم نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىغا شۇنداق دەيدۇ.

ئوبيېكتنى نىشانلاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لى چاڭچىڭ «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ياخشى تۇتۇپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، «ئون چوڭ قۇرۇلۇش» ۋە «بەش ئومۇميۈزلۈك قاپلاش»نى ئالغا سىلجىتقاندىلا، ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ.

2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بەش قېتىملىق تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇچۇرنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئاساسىدا، پەيزاۋات ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پۈتۈن ناھىيەدىكى ئېغىر نامرات يېزا - بازار، كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ دەل سانلىق مەلۇماتىنى بېكىتىپ، نامراتلىقنىڭ تېگى - تەكتىنى ئىگىلەپ، «ئائىلىلەردە كارتا بولۇش، كەنتتە جەدۋەل بولۇش، يېزىدا قوللانما بولۇش، ناھىيەدە ئارخىپ بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

پۈتۈن ناھىيەنىڭ نامراتلىق سەۋەبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، لى چاڭچىڭ نامراتلارنى يۆلەش كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى بارلىق نامرات كەنتتە «قوشقاچنى ئوپېراتسىيە قىلىش» شەكلىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى قانداق چوڭقۇر يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدەندى.

لى چاڭچىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئۇچۇر سۇپىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 23 تارماق بىلەن ئۇچۇر سۇپىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سانلىق مەلۇمات توپلاش، تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش» كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەبلەغ تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەللىك دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 25 مەخسۇس ھەرىكەت كوللېكتىپ كۈچ چىقىرىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىدىغان، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

### خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

«بىر قەۋەت تىرەم چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى نامرات ئاممىنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن.» لى چاڭچىڭ مۇشۇنداق دېدى ھەم مۇشۇنداق قىلالىدى.

لى چاڭچىڭ كۈندۈزى يېزا - كەنتلەرگە قاتراپ، تارماقلارغا بېرىپ، ئاممىدىن، كەنتنىڭ 1 - شۇجىسىدىن، تارماقلاردىن مەسلىھەت سوراپ، كەچتە باش قاتۇرۇپ، چىقىش يولى ئۈستىدە ئويلىنىپ، تەدبىر ئىزدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. قايتا - قايتا دەلىللەش ئارقىلىق، ئۇ پەيزاۋات قويى، پەيزاۋات قوغۇنى، پەيزاۋات ئەينۇلاسى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى خاس كەسىپ قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

2018 - يىلى، 10 مىڭ تۇياق نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 2647 نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. شۇ يىلى، پەيزاۋات قويى، پەيزاۋات قوغۇنى، پەيزاۋات ئەينۇلاسى قاتارلىق خاس كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرگەن كىرىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمىدە 752 يۈەن، 1000 يۈەن، 2545 يۈەننى ئىگىلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، پەيزاۋات ناھىيەسى 300 مىڭ مو يەرگە پەيزاۋات ئەينۇلاسى، 200 مىڭ مو يەرگە پەيزاۋات قوغۇنى تېرىدى، يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا دەسلەپكى نەتىجە - ئۈنۈمنىڭ قولغا كېلىشىگە ھەمدەم بولدى.

بۇ يىل لى چاڭچىڭ يەنە نەسىللىك چارۋا كۆپەيتىش مەركىزىدىن ئىككىنى يېڭىدىن قۇرۇش، ئىككىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا، تۆت يېزا - كەنت چارۋىلىرىنى ھاۋالىلىك بېقىش مەركىزى ۋە باقمىچىلىق رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. پەيزاۋات قويىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى ۋە ئەلالاشتۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ چارۋىلىرى مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىلغاندىن كېيىن، ھويلا - ئاراملىرى رەتلىك - پاكىز بولدى، يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتى.

بىر يىلدىكى 365 كۈندە، لى چاڭچىڭ پۈتۈن زېھنىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە سەرپ قىلدى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، تاماق ئاپىرىپ بەردى، لېكىن ئۇ بىر تەرەپتىن قۇرۇق نان يەپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىشنى تېخىمۇ خالايتتى. «لى مۇدىرنىڭ قەلبىدە نامرات ئامما بار» دېدى پەيزاۋات ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى جاڭ ۋېنجىڭ.

شاپتۇل بازىرى توشقانلا كەنتىدىكى مېيىپ دېھقان قادىر داۋۇتنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتەتتى، لى چاڭچىڭ مائاشىغا ياپقۇچ سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىشقا ياردەم قىلدى. نامرات ئائىلە ئىمىن سۇلايمان لى چاڭچىڭنىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قوي قوتىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇنى باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ... لى چاڭچىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2017 - يىلدىكى 18.9% تىن نۆۋەتتىكى 12.2% كە چۈشتى. ناھىيە بويىچە 20 ئېغىر نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىندى، 4124 ئائىلە، 16 مىڭ 384 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 900 نەچچە يۈەن كۆپەيدى...

«ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئېغىر نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە بىۋاسىتە قاتنىشالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، ئىپتىخارلىنىمەن!» بۇ خىل قىزغىنلىق لى چاڭچىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئاتلاندۇردى، ئۇ ئۆز ھەرىكىتى بىلەن بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ كۈچلۈك پارتىيەۋىلىكىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى.

---

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى

□ تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تەن جيەنگو

مەن پىچان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىلا ھەر مىللەت كىچىك ھەمراھلار بىلەن بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ھەر مىللەتتىن نۇرغۇن ياخشى دوست تۇتتۇم.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، بەزىدە ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋاقتى يەتمىگەندە، مەن دائىم ئاز سانلىق مىللەت ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەيتتىم. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ماڭا ئۆز بالىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆيىدىكى ئەڭ ياخشى يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ماڭا بېرەتتى، قىش كۈنلىرى ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان بىر چىنە شورپا، ياز كۈنلىرى ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان بىر تەخسە قوغۇن - تاۋۇز؛ ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى، ئارىلاپ بىرەر قېتىم گۆش پىشۇرسا، ئۇلار ھەمىشە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەڭ چوڭىنى تاللاپ ماڭا بېرەتتى. ھازىر ئەسلىسەم، قەلبىم ھېلىمۇ ئىللىقلىق ۋە ھاياجانغا تولىدۇ.

ھېسسىيات ئۆزئارا بولىدۇ. ھەر قېتىم ئاتا - ئانام ماڭا ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن يېيىشلىك ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى بەرگەندە، ھەمىشە ئاز سانلىق مىللەت ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە يەيتتىم؛ ئاتا - ئانام ھەر قېتىم ماڭا دەرسلىكتىن سىرت يېڭى كىتاب ئېلىپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئارىيەت بېرىپ تۇراتتىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقى مۇشۇنداق ئاددىي ئالاقىلىشىش شەكلى ئارقىلىق بىر - بىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئاستا - ئاستا يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ماڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەربىر كىشىگە ئېلىپ كەلگەن بەختنى ھېس قىلدۇردى، بۇ مېنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە خىزمىتىمگە چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسەتتى.

«2 - ئەۋلاد شىنجاڭلىق» بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاتا - ئانام تاغلىرى ئېگىز، سۇلىرى سۈزۈك سەھرادىن شىنجاڭغا كېلىپ، چېگرا رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى قوغداش ئېڭى كىچىكىمدىلا كاللامغا ئورناپ كەتكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا تۇغۇلغان مەن شىنجاڭدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئۇلۇغ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدىيەسى قەلبىمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، قان - قېنىمغا سىڭىپ كەتتى.

شىنجاڭ ھەر مىللەت ئۇزاقتىن بۇيان ئورتاق ياشاپ كەلگەن گۈزەل يۇرت - ماكان. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنى ئورتاق ئاچتى، گۈللەندۈردى. نۆۋەتتە، ھەر مىللەت خەلق ئىناق، بەختلىك داۋام يولغا تېز قەدەم ئالماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىن كەلگەن، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئېلىپ كەلگەن قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچتىن كەلگەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئالغا بېسىشىنىڭ ئۇل تېشى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت تەسىرلىك ھېكايىلەر ئىدىقۇت رايونىدا ئۈزۈلۈكسىز بارلىققا كەلدى، كەڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ھەر مىللەت ئامما بۇ كەڭ تۇپراققا مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى ھەممە جايدا ئېچىلدى، بۇ بىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس سېلىش ئىشەنچىگە تېخىمۇ ئىگە قىلدى.

---

# نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىتنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇمەن ئالاقىدار شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، قەرز بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان بانكا ئاپپاراتى نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن قەرز ئېلىش، داۋاملىق قەرز ئېلىش ۋە مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى بېجىرىپ بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە كۆپ قېتىم نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىتنى تارقىتىپ، قەرز بېرىشكە بولىدىغانلىرىغا تولۇق قەرز بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلسا بولىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: قەرزنى چىقىم قىلىش دائىرىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىتتە ئائىلە قەرز ئېلىش، ئائىلە ئىشلىتىش، ئائىلە قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا دەل جايىدا ئىشلىتىش كېرەك، توي قىلىش، ئۆي سېلىش، روزغارچىلىق، ئائىلە لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا چىقىمغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ھۆكۈمەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سۇپىسى، ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت كارخانىلىرى قاتارلىقلارغا مەركەزلىك ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. نامرات ئائىلە ئۆزى ئىختىيار قىلغان ۋە تىجارەتكە قاتناشقان ئەھۋالدا، ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىت مەبلىغىنى نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولىدىغان خاس ئەۋزەل كەسىپلەرگە ئىشلىتىپ، نامرات ئائىلىنى كەسىپ تەرەققىياتىغا سىڭدۈرۈشكە ھەم ئۇزاققىچە نەپكە ئېرىشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ياردەمچىسى تيەن دى مۇنداق دېدى: «پىكىر» قەرز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ دەرىجىلىك بىرلىشىپ تەكشۈرۈشنى چىڭىتىش، قەرز پۇل تارقىتىشنى چىڭىتىش، قەرز بەرگەندىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىش، خەۋپ - خەتەرنى كونترول قىلىشنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت تۆت بۆلەك 18 ھالقا ئارقىلىق، ھەرقايسى قاتلام، دەرىجە، ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق كرېدىتنى ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تارقىتىشتىن تارتىپ قەرز بەرگەندىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقىچە بولغان پۈتكۈل ھالقىسىنى باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

---

# شىنجاڭ دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ساياھەت سۈرەتچىلىكى بازىسى بەرپا قىلماقتا

(بېشى 1 - بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مەنزىرە رايونى ساياھەت سۈرەتچىلىكى كەسپىگە ئەھمىيەت بەردى، تېخىمۇ كۆپ مەنزىرە رايونى ساياھەت سۈرەتچىلىكى بازىسى قۇرۇشقا باشلاپ، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى تويلۇق سۈرەتكە چۈشۈش، شەخسىي سۈرەتكە چۈشۈش، ساياھەت قىلغاچ سۈرەتكە چۈشۈش قاتارلىقلارغا جەلپ قىلدى.

«شىنجاڭدىكى يايلاق، ئورمان، قۇملۇق ھەممىدە قارلىق تاغ، كۆل، كۆك ئاسمان قاتارلىقلار ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ساياھەت سۈرەتچىلىكى بازىسى قۇرۇش ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.» بورتالا ئوبلاستىدىكى شەخسىي فوتو سۈرەت مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، 20 نەچچە يىل سۈرەتكە تارتىش بىلەن شۇغۇللانغان ياڭ خۇ شۇنداق قارىدى. ھازىر سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىدا «ئەتىياز پەسلىدە گۈل - گىياھلارنى سۈرەتكە تارتىش، يازدا ئوتلاق، كۆل سۈيىنى سۈرەتكە تارتىش، كۈزدە تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى سۈرەتكە تارتىش، قىشتا قار مەنزىرىسىنى سۈرەتكە تارتىش»تىن ئىبارەت تۆت پەسىللىك ساياھەت سۈرەتچىلىكى مەھسۇلاتى شەكىللىنىپلا قالماي، يەنە سايرام كۆلىنى مەركەز قىلغان، كەڭساي، قورغاس ئۈستىقۇدۇس بازىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساياھەت سۈرەتچىلىكى لىنىيەسى شەكىللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ گۈزەل مەنزىرە، سۈرەتكە تارتىش نۇقتىسىنى مۇجەسسەملىدى.

زىمۇ فوتو سۈرەت خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ساياھەت سۈرەتچىلىكى ساھەسىدە خېلى داڭقى بار، زىمۇ 2006 - يىلىدىن باشلاپ فوتوگراف بولۇشنى باشلىغان. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، ساياھەت سۈرەتچىلىكىگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ سىرتىدىكى خېرىدارلار بارغانسېرى كۆپەيدى، زىمۇ ھەر يىلى نەچچە ئون ساياھەت سۈرەتچىلىكى كەسپىنى قوبۇل قىلىدۇ. «كۆپ قىسىم خېرىدار توردا مەن تارتقان سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ياكى دوستلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن» دېدى ئۇ.

ھازىر، بىر قىسىم ساياھەت كوپېراتىپلىرىمۇ ساياھەت سۈرەتچىلىكى لىنىيەسى مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ساياھەت كوپېراتىپى 2018 - يىلىدىن باشلاپ فوتو سۈرەت ئاپتوموبىل ھۆددىگە بېرىش ساياھەت مەھسۇلاتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بەشتىن ئونغىچە ئۆمەكنى يولغا سالىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر. ھازىر، بىر ئاي بۇرۇن تىزىملىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىل 9 - ئايدا، بۇ ساياھەت كوپېراتىپى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان فوتو سۈرەت ئاپتوموبىل ھۆددىگە بېرىش ساياھەت مەھسۇلاتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدا ساياھەت سۈرەتچىلىكىگە قاتنىشىش قىزغىنلىقى دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت سۈرەتچىلىكى كەسىپلىرىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى. بورتالا ئوبلاستىدىكى شەخسىي بوجۇ ساياھەت سۈرەتچىلىكى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ساياھەت سۈرەتچىلىكى كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ شىنجاڭدا سۈرەتكە تارتىش كەسپىنى ئۈستىگە ئالدى. 7 - ئاي كىرىشى بىلەن، بورتالا ئوبلاستىدىكى شەخسىي 15 زاكاز قوبۇل قىلدى.